# پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامدىنمۇ بەك نامازنى تولۇق ۋە يەڭگىل ئوقۇيدىغان ئىمامنىڭ كەينىدە ناماز ئوقۇپ باقمىدىم

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا تۇتاشقان ھەدىس:
«پەيغەمبەرئەلەيهىسسالامدىنمۇ بەك نامازنى تولۇق ۋە يەڭگىل ئوقۇيدىغان بىر كىشىنىڭ كەينىدە ناماز ئوقۇمىدىم»

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام سۆز - ھەركەتلەردە ئاسان ۋە يەڭگىل بولۇشقا بۇيرىيتتى، ئىبادەتكە ئۆز ھەققىنى بىرىپ، مۇكەممەل ۋە تولۇق ئادا قىلىش بىلەن بىرگە، نامازنى يەڭگىل ئوقۇش شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامدىن باشقا ھەرقانداق ئىمامنىڭ نامىزىدىن يەنىلا ھەممىدىن كاتتا ئىمام پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ نامىزىنىڭ يەڭگىل ئىكەنلىكى، نامازغا ئەگەشكەنلەرگە ھەرگىز ئېغىر كەلمەيدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ نامازدىن يەنە ناماز ئوقۇشقا ئىنتىلىپ تارقىلىدىغانلىقىنى بايان قىلدى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام نامازنى ۋاجىپ ۋە مۇستەھەبلىرى بىلەن ھېچ كەمچىللىك سادىر بولمىغىدەك مۇكەممەل، تولۇق ئادا قىلاتتى، بۇمۇ پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ بەركىتىنىڭ تەسىرىدۇر

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/5381

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee